دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

تيانشاننىڭ جەنۇبى-شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

# ھاياتىي كۈچ يېتەرلىك بولدى ـــــ ئېچىۋېتىش قەدىمى تېزلەشتى

جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر ③

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رايىدە

ئايتىللا كېرەم موتوسىكلىتنى مىنىپ يېزىدىكى كەسپلەر باغچىسىغا ئىشقا كەلدى، مەۋلان ئەبەي ئۈرۈمچىگە بارىدىغان پويىزغا ئولتۇرۇپ ئىش بېجىرگىلى ماڭدى، ما خەيىلىڭ ئالاقە تورى ئارقىلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى خېرىدار - سودىگەرلەر بىلەن ئۇدۇللىشىپ، مېۋە - چېۋە، كۆكتات سېتىش ئىشلىرىنى سۆزلەشتى... سەھەردە، كۈز پەسلىدىكى ئىللىق قۇياش نۇرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىپايان زېمىننى يورۇتتى، بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر بىر كۈنلۈك ئالدىراش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنىدا سەپەر قىلسىڭىز، ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئالدىراش مەنزىرە سىزنى بۇ يەردە يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قالدۇرىدۇ. ئاۋات، ئىناق شەھەر - يېزىلار، سودا جانلانغان بازارلار، قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سەپەرگە چىقىش... ھەممە يەردە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ھاياتىي كۈچكە ۋە جانلىقلىققا تولغان بۇ كۆرۈنۈشلەر چەت، يىراق، بېكىنمە، تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان ئاشۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن تەدرىجىي كۆتۈرۈۋەتتى.

### قاتناش قولايلاشتى

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا، شوپۇر تاھىرجان تۇداخۇن قەشقەر شەھىرىدىكى يۈك قاچىلاش ئورنىغا كەلدى، گەرچە ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئاپتوموبىل ھەيدەپ خوتەن شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراقمۇ ھارغىنلىق كۆرۈنمەيتتى.

«پۈتۈن يول يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بولغاچقا، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىمچە كېلىپ بوپتىمەن. ھېرىپ كەتسەك ئارىدا يەنە مۇلازىمەت رايونىدا ئارام ئالغىلى بولىدۇ. ھازىر شارائىت ھەققەتەن ياخشى، بىر ھەپتىدە نەچچە قېتىم كۆپ قاتنىيالايمىز، ۋۇجۇدىمىزدا تۈگىمەس كۈچ بار» دېدى تاھىرجان.

تاھىرجاننىڭ قەشقەر شەھىرىدىن خوتەن شەھىرىگە بارىدىغان بۇ لىنىيەدە ماڭغىۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولدى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى يول ياخشى ئەمەس ئىدى، قەشقەر شەھىرىدىن خوتەن شەھىرىگىچە بولغان 500 كىلومېتىردىن كۆپرەك بۇ يولنى ئون نەچچە سائەت مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. پات - پات موتوسىكلىت، توكسىكلىتلار دۆلەت يولىغا چىقىپ قالاتتى، يول بويى تورمۇز دەسسەپ ئاستا ماڭاتتۇق.

2019 - يىلى 7 - ئايدا، قەشقەر - قاغىلىق - قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا قاتناش باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا تۇتىشىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ يىللاردا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئايرودۇرۇم قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، ھاۋا يولى بارغانسېرى زىچلاشتى. خوتەن - چاقىلىق تۆمۈريولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا مۇكەممەل ئايلانما لىنىيە شەكىللىنىدۇ، خوتەندىن ئىبارەت كىشىلەرنىڭ تەسىراتىدىكى بۇ «يانچۇق تېگى» «ھەممە ئىش سىلىق يۈرۈشىدىغان» قاتناش ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ.

مۇخبىر خوتەن شەرقىي شەھەر ئەتراپى يولۇچىلار بېكىتىدە كېرىيە ناھىيەسىگە بارىدىغان لىنىيە ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، كېسەل كۆرسىتىپ قايتىپ كېلىۋاتقان كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئاچچان يېزىسى ئاچچان كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى تۇردى قۇربان بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. يول بويى، تۇردى ھاياجانلانغان ھالدا يۇرتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى.

«ئاچچان كەنتى ناھىيە بازىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئىلگىرى يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولغاچقا، ئۇزۇن سەپەرگە چىقىش ئاۋارىچىلىك ئىش ئىدى. ھازىر كەنتتە لىنىيە ئاپتوموبىلى، ناھىيەدە يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى بار، خوتەن شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن يەنە پويىز، ئايروپىلان بار. سەپەرگە چىقىشىمىز قولايلاشتى، نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى. يېقىندا مەن خوتۇنۇم بىلەن بالىمىزنى خوتەن شەھىرىدە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇتۇشنى مەسلىھەتلەشتۇق، كەلگۈسىدە ئۇنى داڭلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتسىكەن دەيمىز» دېدى تۇردى.

سەپەرگە چىقىدىغان يول قاتناقلاشتۇرۇلدى، پۇتنى ئېلىپلا يولۇچىلار ئاپتوموبىلىغا چىققىلى بولىدۇ، يىراققا سەپەر قىلسا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بار، شىنجاڭدىن چىقىشتا تاللاش كۆپ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ مېڭىشتىن زامانىۋى قاتناش قورالىدا سەپەرگە چىقىشقىچە تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

قاتناشنىڭ قولايلىشىشى ۋاقىت ۋە بوشلۇق جەھەتتە سىرت بىلەن بولغان ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە ئىلگىرىكى بۇ «يانچۇق تېگى»نى ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىغا ئايلاندۇردى. دەرۋازىلار بىر - بىرلەپ ئېچىلىپ، چەكسىز ھاياتىي كۈچ كىشىلەر ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى، ئۇچۇر ئېقىمىدا تولۇق قويۇپ بېرىلدى.

### ئەشيا ئوبوروتى راۋانلاشتى

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 20 ئەتراپىدا، پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى شىيۇ مېۋىچىلىك چەكلىك شىركىتىگە كىرگەندە، مۇخبىر توققۇز ئىشچىنىڭ سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتىدىن شىنمىيىلارنى يۆتكەپ چىقىپ، سوغۇق ساقلاش ئاپتوموبىلىغا قاچىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بۇ شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ شىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 8 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ، شىنمىي قاچىلانغان 43 سوغۇق ساقلاش ئاپتوموبىلى بۇ يەردىن شىنجاڭنىڭ سىرتىغا قاراپ يولغا چىقتى، ھازىر قاچىلىنىۋاتقىنى بۇ يىلقى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاپتوموبىل، مەنزىل چاڭشا.

ئەشيا ئوبوروتى راۋانلاشتى، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەرلەردە سېتىلىپلا قالماي، يەنە دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقتى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىغىنىغا بىر يىل بولدى. يۈك توشۇيدىغان نۆۋەتچى پويىز توققۇز دۆلەتتىكى 17 شەھەرگە قاتنايدۇ، بۇ يىل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ياڭاق، ئۆرۈك مۇراببىاسى، مېۋە شەربىتى قاتارلىق 40 مىڭ 300 توننا مېلى نۆۋەتچى پويىز بىلەن دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقتى. «ئۆيدىن تالاغا چىقىپ باقمىغان قىزنى ھېچكىم تونۇماپتۇ» دېگەندەك ئىزچىل سىرتقا چىقىرىلىپ باقمىغان خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئايروپىلان، پويىز بىلەن توشۇلۇپ ھەرقايسى جايلارغا سېتىلدى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنى ھەقىقىي تۈردە ئەشيا ئوبوروتىنىڭ راۋانلىقى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن بەھرىلەندۈردى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتە ئادىل توختى ئادەتتىكىگە ئوخشاش لىق بىر ئاپتوموبىل تېز يوللانما قاچىلاپ كەنتكە قايتىپ كەلدى. ئۇ تۇرۇشلۇق يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ يېڭىئاۋات كەنتى ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ چېگرا كەنتى بولۇپ، تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 كىلومېتىر كېلىدۇ.

«مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ چارۋا باقتىم ۋە چېگرانى قوغدىدىم. خەۋەرلەردىن ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن بېيىغىلى بولىدىغانلىقنى كۆرۈپ، سىناپ باقماقچى بولدۇم.» ئادىل مۇنداق دېدى: 2018 - يىلى كەنتنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت نۇقتىسى ئېچىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كەنتتىكى قويلىرىنى سېتىشىغا ۋە توردىن مال سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردىم.

ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت نۇقتىسىغا كېلىشىم بىلەن، كەنت ئاھالىسى سەممەت يۇنۇس كەلدى. ئۇ تېز يوللانمىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفونىنى ئېلىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر كەنتتە باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، بىزنىڭ توردا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىمىزغا ياردەم بەردى. مەنمۇ يان تېلېفوندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى كۆرۈپ، تورغا چىقىپ باقمىچىلىق تېخنىكىسى دېگەندەكلەرنى ئۆگىنىشنى ئويلاۋاتىمەن».

سانائەت بۇيۇملىرىنى يېزىلارغا ئاپىرىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەھەرلەرگە كىرگۈزۈشتە، تېز يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروت كەسپى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇردى. ماللار توسالغۇسىز كىرىپ چىقتى، ئۇچۇرلار راۋان يەتكۈزۈلدى، بارغانسېرى موللىشىۋاتقان ئۇچۇر ئېقىمىدا، جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ قارىشى ئۆزگەردى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى.

### مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ياخشىلاندى

«رەسمىيەت تۆگدىما؟ مۇشۇنداق تېز بېجىرىلىپ بولدىمۇ؟» 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاقسۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزىنىڭ سودا - سانائەت بويىچە روىخەتكە ئالدۇرۇش مۇلازىمەت كۆزنىكى ئالدىدا، كارخانىنىڭ سودا - سانائەت بويىچە روىخەتكە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى ئەمدىلا بېجىرىپ بولغان 90 - يىللاردا تۇغۇلغان ئىگىلىك تىكلىگۈچى ياش فەن چاۋ رەسمىيەتنىڭ بېجىرىلىش سۈرئىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

«كارخانىغا چېتىشلىق ئىشلارنى بېجىرىش تەرتىپى مۇرەككەپ، ئىلگىرى قانداقلا بولمىسۇن يېرىم يىل كېتەتتى. بۇلتۇر ئاقسۇنىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم، مەبلەغ سالغاندىن كېيىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.» كۇچا شەھىرىگە ئەمدىلا ماكانلاشقان شىنجاڭ چېڭرۇن جىنلەن بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى چېن يىشا مۇنداق دېدى: كارخانىنى روىخەتكە ئالدۇرۇشتىن تارتىپ تۈردە ئىش باشلاشقىچە ئاران 80 كۈن كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كادىرلار ئىزچىل ئىز قوغلاپ ئۇدۇللاشتۇرۇپ، بېجىرىشكە ياردەم بېرىپ، ۋاكالىتەن بېجىرىپ، «ئۆي خىزمەتچىسى شەكلى»دىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

ئاقسۇ بەرپا قىلغان سىياسەت ئەڭ ياخشى، تەننەرخ ئەڭ تۆۋەن، مۇلازىمەت ئەڭ ياخشى، ئىش بېجىرىش ئەڭ تېز بولۇشتەك «تۆت ئەڭ» تىجارەت - سودا مۇھىتى نۇرغۇن مەبلەغ سالغۇچىنى بۇ يەردە ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 27 مىڭ 800 بازار سۇبيېكتى يېڭىدىن كۆپەيدى.

ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى كارخانىلارغا تېخىمۇ زور تەرەققىيات بوشلۇقى ئېلىپ كەلدى. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، مۇخبىر قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسپلەر باغچىسىغا جايلاشقان بىر كىيىم - كېچەك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا كىردى، ئىشچىلار شېنجېنغا ئەۋەتىلىدىغان مەكتەپ فورمىسىنى ئالدىراش تىكىۋاتاتتى. بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى لى خۇيجېن ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، «ئالدىراش بولسا ياخشى، ئالدىراشلىقنىڭ ئۆزى سودىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ» دېدى لى خۇيجېن كۈلۈپ تۇرۇپ.

قەشقەرنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىدىكى مۇھىم تۈگۈنلۈك ۋە جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشتەك رولى كۈنسېرى گەۋدىلەندى. 2015 - يىلى، لى خۇيجېننىڭ بۇ «يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە پاي»غا كۆزى چۈشۈپ، تۈر ئېلىپ كەلدى. «يېڭى كەلگەن چاغدا، بۇ يەردە ئون نەچچىلا كارخانا بار ئىدى، ھازىر 100دىن ئارتۇقى بار. ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش مېنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمدە بولدى، دەسلەپتە بىر سېختىكى 300 ئىشچى - خىزمەتچى بىر ئايدا 10 مىڭ قۇر كىيىمنىمۇ تىكەلمەيتتى، بۈگۈنكى كۈندە بىر ئايدا 100 مىڭ قۇر كىيىم تىكەلەيدىغان بولدى. ئۇلار ئۆگىنىشنى خالايدۇ، غەيرىتى تولۇپ تاشقان، بۇ، مېنىڭ كارخانىنى تېخىمۇ زورايتىش، كۈچەيتىش ئىرادەمنى چىڭىتتى» دېدى لى خۇيجېن.

شېنجېن كەسپلەر باغچىسى بىلەن بىر تام ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان قەشقەر ئۇنۋېرسال باجدىن خالىي رايونىدا، قەشقەر جۇڭچېڭ خەلقئارا يۈك ترانسپورت ۋاكالەتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى سۇن يۈلىن يىراقتىكى ئەركەشتام پورتىدىكى يۈك ترانسپورت شوپۇرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى.

2018 - يىلى ئۇنۋېرسال باجدىن خالىي رايونغا ماكانلاشقاندىن كېيىن، سۇن يۈلىن مال تاپشۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۈزلۈكسىز قىسقىراۋاتقانلىقىنى روشەن ھېس قىلدى: «ئىلگىرى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ماللار پورتقا كەلگەندە چۈشۈرۈلەتتى، تەكشۈرۈش، كارانتىن تاماملانغاندىن كېيىن يەنە ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىپ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، مال تاموژنىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يول بويى توسالغۇسىز ھالدا ئۇنۋېرسال باجدىن خالىي رايونغا كىرىدۇ، بۇنىڭدا ۋاقىت تېجەلدى، ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىمۇ تېجەلدى».

ھاياتىي كۈچ ئېچىۋېتىشتىن كېلىدۇ. كىچىكى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن، چوڭى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئېچىۋېتىش ۋە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلگەن بۇ يېڭى پۇرسەت ۋە يېڭى تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولماقتا.

قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىدىن ئەشيا ئوبوروتى، ئۇچۇرنىڭ راۋان بولۇشىغىچە، يەنە تىجارەت - سودا مۇھىتىنىڭ راۋان بولۇشىغىچە، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئۈمىدكە تولغان يېڭى زېمىنغا قاراپ ماڭماقتا.

(بېشى 4 - بەتتە)

ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇكى، بالىسى يەسلىگە كىرىپ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇقراۋى يەسلىلەرگە قارىتىلغان ياخشى سىياسەتتىن بەھرىمەن بولغاندى. «بالام تۇرۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 1 - دەرىجىلىك يەسلىنىڭ ھەر ئايلىق يەسلى ھەققى 400 يۈەن، تاماق پۇلى كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ، كۈنلۈك ‹ئۈچ ۋاق تاماق، ئىككى ۋاق ئۇششاق يېمەكلىك› ھەققى پەقەت 15 يۈەن، بىر ئايدا تولۇق بارسا ئاران 700 نەچچە يۈەن خەجلەيمىز» دېدى مى زەيىلىڭ.

ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلاردىكى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار قوش تىل يەسلىسى بويىچە «قۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قۇرۇش»، يېزا يەسلىسىگە «كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كىرگۈزۈش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يەسلى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەھەرلەردىكى ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق يەسلىلەرنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق بايلىقى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان يەسلى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى.

ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق بايلىقنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېرەك؟ 2019 - يىلى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 40 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يەسلىدىن ئىككىنى يېڭىدىن قۇردى، يەنە 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بورتالا شەھىرىدىكى پۇقراۋى يەسلىدىن ئۈچىنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇپ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇقراۋى يەسلى قىلىپ قۇرۇپ، 700دىن ئارتۇق بالىنى مەنپەئەتلەندۈردى. ھازىرغا قەدەر، بۇ ئوبلاستتا ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق يەسلىلەرنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 95%كە يېتىپ، «يەسلىگە كىرىش قىيىن بولۇش، يەسلىگە كىرىش قىممەت بولۇش» مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

«ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق يەسلى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئاكتىپلىقى تېخىمۇ ئاشتى». بورتالا شەھىرىدىكى بېيلېي يەسلىسىنىڭ يەسلى باشلىقى لى جىرۇڭ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر بورتالا شەھەرلىك مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار مۇسابىقىسىدە، بۇ يەسلىدىكى ئۈچ ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، قاتتىق دېتال ئاساس، ئوقۇتقۇچىلار مۇھىم ھالقا. 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار ئوقۇتقۇچىسىدىن جەمئىي 44 مىڭ 300نى قوبۇل قىلدى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سانى تولۇقلاندى، قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك ئەلالاشتى.

«ھازىر ھەربىر سىنىپقا ئىككى ئوقۇتقۇچى، بىر بالا تەربىيەچىسى سەپلەندى، بالىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشىدىكى ھەربىر ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغاندىلا، بالىلار يەسلىدە ناھايىتى خۇشال ئۆتەلەيدۇ.» گۇما ناھىيەسىنىڭ گۇما بازىرىدىكى چىجوۋ يەسلىسىنىڭ يەسلى باشلىقى پاتگۈل ئابلىكىم مۇنداق دېدى: جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ يەسلى باشلىقلىرى قوشماقلىشىپ ئورتاق قۇرۇش، قوش يۆنىلىشتە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئىلغار مائارىپ ئىدىيەسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ ئورتاق بەھرىلەندۈرۈلۈپ، شەھەر، يېزا مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپىنىڭ سۈپەتلىك مەنپەئەتدارلىققا تۈرتكە بولۇشى ھەم دۆلەتنىڭ تەلىپى، ھەم پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەسلى 7416گە، يەسلىدىكى بالىلار 1 مىليون 427 مىڭ 800گە يېتىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ ئۈچ يىللىق مائارىپىدا يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 97.51%كە، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق يەسلىلەرنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 89.34%كە، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يەسلىلەردىكى بالىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 86.33%كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 2020 - يىلغا بارغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 85%، 80%، 50%كە يەتكۈزۈش نىشانى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

«ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، بالىلار بېقىلىدىغان بولۇش»تىن ئىبارەت بىر سىزىق بىر سىزىقتىن سىزىپ چىقىلغان بەختلىك خەلق تۇرمۇشىنىڭ بۇ يېڭى يۈگمە رەسىمى ھاللىق تۇرمۇشنىڭ دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «ياشانغانلار، بالىلار»نى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ، ئائىلىلەرنىڭ ئەندىشىسى بولغان بۇ ئىككى تەرەپنىڭ كۈلكىسىنى تېخىمۇ تاتلىق، كۈنلىرىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىدۇ.